

# باتۇر ئوۋچى بالا

# باتۇر كىچىك ئوۋچى



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىن- 1959

# مەزمۇنى

كوپچىلىك نىمشكه بارانى «باتۇر ئوۋچى بالا»دەپ ئاتايدۇ؟ بۇ هەقتە شۇنداق بىر هېكايە بولغانكى: بىر يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە، ئۇ ئاغىنىسى چۇلپ، يۈي مىلەر بىلەن ئوۋغا چىقىپ، چۈش بولىچە ئىككى دانە بۇغا ئوۋلايدۇ. بۇ ئوۋ غېنىمىتىنى كوتۇرۇپ خوشال-خۇرام ئويىگە قايتىپ كېلىۋېتىپ يولدا بىر ژىرتقۇچ ئېيىققا ئۇچراپ قالىدۇ. بۇ ئېيىق هەر خىل چارىلار بىلەن ئۇلارنى يېۋەتمەكچى بولۇدۇ، ئەمما بارا چىچەن هەم باتۇرلۇق بىلەن دەرەخكە يامىشىپ چىقىۋېلىپ، ئېيىقنى ئورىگە مەلىكە قىلىدۇ. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يۈي مىي، چۇلپلەر كەتتكە سالامەت قېچىپ بېرىپ خەۋەر قىلىدۇ، نېتىجىدە ئېيىق كوپچىلىك تەرىپىدىن ئولتۈرۈلۇدۇ. شۇندىن كېيىن كوپچىلىك ئۇنى «باتۇر ئوۋچى بالا» دەپ ئاتايدۇ.

كىچىك دوستلار! بارا ياغۇز باتۇر، چىچەن ئوۋچى بالا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ ئەڭ خەتەرلىك ۋاقىتلاردا ئوزىنىڭ دوستلىرى ئۇچۈن ئوزجېنىنى قۇربان بېرىشتىن يانمىغان، ئۇنىمدىگەن سويۇملۇك بالا!



يەكشەنبە كۈنى تاڭ سەھەردە بارا، چۇلي ۋەيۇي ميلار ئوۋ
ملتىغى ۋە تورلىرىنى ئېلىپ كەنتتىن چىقىپ ئاستا ئوۋغا ماڭدى.



ئۇلار پاراڭ بىلەن ژۇرۇپ بىردەمدىلا ئورمانلىققا يېتىپ كەلدى. ئورمانلىقتا نەگىلا قارىسا توپ - توپ مايمۇنلار، تېيىنلار بار ئىدى، ياۋاگۇللەر دەرەختىن-دەرەخكە يارمىشىپ بوك باراخ-سانلىق ھاسىل قىلغان ئىدى.



بارا تۇيۇقسىزلا «ھوي» دەپ قويۇپ، يۇي مىينى قورقۇ-
تۇۋەتتى. ئەسلى ئۇ ئىككى بۇغىنى كورگەن ئىدى.



ھەممۇيلەن بەك خوش بولۇشۇپ كەتتى. چۇلي ملتىقىنى قولىغا ئېلىپ زوكزۇيۇپ ئولتۇرۇپ ئاتماقچى بولغان ئىدى، بارا دەرھال توسۇۋېلىپ: «ئالدىرىما، مېنىڭ كوماندىرلىقىمغا قارا!» دېدى.



بارا موگگوز سوناي بىلەن تورنى ئېلىپ، يوي مىيفا: «سەن، بويەردە قال، بىز چولىي بىلەن ئىككىمىز غەرپ تەرەپكە بېرىپ تور قويايلى، ئېسىڭدە بولسۇن، سوناينىڭ ئاۋازى چىقمىغۇنچە پەقەت ئوق چىقارما!» دېدى-دە، ئىككىسى ئاستا غەربىي تەرەپتىكى تاغ ئېتىكىگە قاراپ ماڭدى.



ئۇلار بۇغىغا يېقىن بىر جايغا بېرىپ تورۇقويىدى، چۇلي
بۇغىنى قارىغا ئالدى. بارا كۇچىنىڭ بېرىچە سۇنايىنى چالىدى.



ئوتلاۋاتقان بۇغىلار سۇنايىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۆچىدى.
دەل بۇچاغدا، مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى ـ دە، بۇغىنىڭ بىرسى
ژىقىلىپ پۇتى ئاسمانغا بولۇپ تىپىرلاپ قالدى.



بۇغىنىــڭ يەنە بىرسى قورقۇنۇچلۇقتا ھەرتەرەپكە ئۈسۈپ
بېقىپ ئاقىۋەت تورغا چۈشۈپ قالغان ئىدى، بارا دەرھال قولىغا
كالتەكنى ئېلىپ بىرنى قويۇپ ژىقىتىۋالدى.



ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى ئىچى-ئىچىگە پاتماي ۋاقىرىشىپ
كەتتى، قول-قولىغا تەگمەستىن بۇغىنى باغلىدى.



بارا بىر بۇغىنى كوتەردى، يۇي مىي بىلەن چۇلپ ئىك-
كەسى بىرنى كوتۇرۇپ بخوشال - خۇرام ئۇيگە قاراپ ماڭدى.



ئۇلار چاقچاق بىلەن مېڭىپ بىردەمدىلا دەريا بويىغا يېقىن كېلىپ قالدى. بۇچاغدا يوي مىي تويۇقسىزدىنلا: «قارا! ئۇ قانتىكى نېمە؟» ـ دەپ ۋاقىرىۋىدى، باشقىلار يۇي مېينىڭ كۆرسەتكەن تەرىپىگە قارىدى. ئۇتەرەپتە بىر ئېيىق لاغايلاپ دەريا تەرەپكە كېلىۋاتقان ئىدى.



يۇى ممي قورققىنىدىن: «ئىم!......ئەمدى قانداق قىلىـ
مىز؟ ...مۇكۇۋالايلـى!» دەپ ئېيتتى. بارا بىلەن چۇلپىمۇ بىر ئاز
ھودۇقۇپ قالدى، ئەمما ئۇلار يوي مىيگە تەسەللى بېرىپ: «كېـ
رەك يوق، قورقما!» دېدى.



بارا ئاستا: «يېتىڭلار، پاراڭ سالماڭلار، ئېيىق بىزنى
تېخى كورمىدى! مىلتىقنى بەتلەپ قويۇڭلار، كېلىپ قالسا راسا
تۇتۇشايلى!» دېدى.



ئۈچىلىسى يېتىپ ئوقاتتىكى ئېيىقنىڭ ھەركەتلىرىگە چە-
چەنلىك بىلەن نەزەرسېلىپ تۇردى. ئېيىق ئوقاتتا ئۇيەر- بۇيەرنى
ژىلداپ ئاستا مېڭىپ ژۈرەتتى.



ئېيىق تۇيۇقسىزلا بېشىنى كوتۇرۇۋپ ئورمانلىقتا بىرنىمىنى
كورگەندەك قىلدى ـ دە، كېلەڭسىز بويى بىلەن لاغايلاپ كېلىپ
دەرياغا سەكرىدى.



چۇلي : «يامان بولدى! ئېيىق بۇ قاتقا ئۆتۈپ كېلىۋا-
تىدۇ، يەنە بىردەم تۇرساق قاچالمايمىز! ئەمدى نەگە قاچارمىز،
ئەتراپتا يوشۇرۇنغىدەك يەرمۇ بولمىسا» دېۋىدى، بارا دەريانىڭ
بويىدىكى چوڭ بىر تاشنى كوردى-دە، ئۇچىسى شۇياققا ئومۇ-
لەپ ماڭدى.



ئۇچۇيلەن ئاران تەسلىكتە ئومۇلەپ بېرىپ تاشنىڭ ئارقـ
سىغا مۆكۈۋالـدى، بۇچاغدا، ئېيىق دەريانىڭ قىرغىقىغا چىقىپ
ھېلىقى ئىككى بوغىنى كوردى.



ئېيىق ھېلىقى ئىككى ئولۇك بۇغىنى ئۇياق ـ بۇياققا ئو-
رۇپ پۇراپ باقتى ـ دە، خۇددى بىرنىمىنى كورگەندەك قىلىپ
تاش تەرەپكە قاراپ ماڭدى، بۇ چاغدا باللار راسا قورقۇشتى،
چۇلپي قولىغا مىلتىقنى ئېلىپ: «تۇتۇشايلى!» دېۋىدى، بارا
دەرھاللا: «ئۇنداق قىلما، يۇي مىي قورقۇپ كېتىدۇ» دېدى.



ئۈئەتراپقا شۇنداق بىر قارىۋىدى، تاشنىڭ ئالدىدا، ئوڭ
تەرەپتە بىر نەچچە تۈپ دەرەخنى كۆرۈپ قالدى-دە، ھەم-
رالىرىغا: «مانا ئەمدى چارە تېپىلدى، مەن دەرەخكە يارمىشىپ
چىقالايمەن، مەن دەرەخكە چىقىپ ئېيىقنى مەلىكە قىلىپ تۇ-
راي، سىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كەنتكە قېچىپ بېرىپ خەۋەر
قىلىڭلار» دېدى.



ئەمما چۇلي بىلەن يۇي مىي، بارانىڭ مۇنداق قىلىشىغا قوشۇلمىدى. مۇنداق خەۋپلىك ۋاختتا ئۇزدوستلىرى بىلەن كارى بولماي تاشلاپ قويغىلى بولامدۇ؟ يۇي مىينىڭ كوزىگە ياش تولدى، ئۇ بارانىڭ پىشىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ: «چاپسان بول، قاچايلى!...» دېدى.



بارا: «بولمايدۇ، ئېيىق بىزدىن تېز ژۈگۈرۈدۇ! مېنىڭ
بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، چاپسان قېچىڭلار! قاچمىساڭلار ئۆلۈ-
مىز!» دەپ ئۇلارنى ھايىدىدى.



ئېيىق باللارغا خېلى يېقىن كېلىپ قالدى. بۇچاغدا
بارا، يۇي مىي بىلەن چۇلپىنىڭ نېسىھىتىگە قارىماستىن دەرەخكە
يامىشىپ چىقىش ئۈچۈن ژۈگۈردى.



ئېيىق تاشنىڭ ئارقىسىدىن چىققان ئادەمنى كورۇپ
قوغلىدى.



بارا ئېيىقنىڭ تاش تەرەپكە بېرىپ قىلىشىدىن قورقۇپ،
«تاڭ» قىلىپ ئېيىققا بىر پاي ئوق ئاتتى.



ئوق تەگمىدى، ئېيىق غەزەپلىنىپ بارا تەرەپكە قاراپ
غالجىرلارچە ئېتىلدى. بۇ چاغدا بارا دەرەخنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈ-
ۋالغان ئىدى.



ئېيىقنىڭ ئېتىلىشى بىكارغا كەتتى. بارا تەلۋە
ئېيىق ئورۇلۇپ قارىغىچە بىر پاي ئوق ئېتىۋىدى،
ئوق ئېيىقنىڭ يېنىنى سىلاپ ئۆتۈپ كەتتى.



ئېيىق غالجىرلاشقانسىرى ۋاقىراشقا باشلىدى، ئامما ئۇ
ئورۇلۇپ قارىغىچە، بارا خۇددى مايمۇندەك دەرەخنىڭ قاپ
بېلىگە چىقىپ بولدى.



چۇلي بلەن يۇي ميلار بارادن ئەنسوردى. چۇلي
قولغا ملتقنى ئېلپ ئېيىققا قارتىپ ئاتتى.



چۇلي ئىككىنچى پايي ئوقنى ئاتماقچى بولغان ئىدى، ئەمما يۇي مېي ئۇنى توسۇپ: «ئاتما! باراغا تېگىپ كەتسە قانداق قىلىسەن؟ ......قارا، بارا دەرەخكە يامىشىپ چىقىپ بوپتۇ!» — دېدى.



بارانڭ دەرەخكە چقۋالغانلقنى كورگەن ئېيق،
دەرەخكە يارمشپ بيقپ، كلەگسز تەنلرى بلەن ئاران بر
گەزچە ژۇقورغا چقۋدى، بارا بر پاي ئوق بلەن چۇشۇرۇ-
ۋەتتى.



بارا ئېيىقنىڭ ژىقىلغانلىقىدىن پايدىلىنىپ يەنە بىر
نەچچە پاي ئوق ئاتماقچى بولغان ئىدى، ئەمما يېنىنى ئاختۇرسا
ئوق تۈگەپ كېتىپتۇ!



بۇچاغدا يۇيمىي بىلەن چۇلپىلار بارانىڭ ئېيىقتىن قوتۇلۇپ
دەرەخكە چىقىۋالغانلىقىنى كورۇپ، خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن
كەنتكە قاراپ ژۈگۈردى.



ئېيىق يەرگە ژۈمۈلاپ كېتىپ يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ،
يۈي مىي بىلەن چۈپلارنىڭ قاچقان تەرىپىگە كوزلىرىنى ئالايتىپ
غەزىۋى بىلەن قارىدى، بۇچاغدا ئۇلارنى ئېيىق قوغلاپ قالارمىكى،
دەپ قورققان بارا، دەرھال دەرەخنىڭ شاخلىرىنى تاشلاپ
ئېيىقنى مەلىكە قىلىپ تۇردى.



ئېيىق تېخىمۇ غەزەپلىنىپ، ۋاقىرىۋېتىپ بارانى چوشۇرۇش ئۈچۈن دەرەخكە ئېسىلىپ كۆچىنىڭ بىرىچە دەرەخنى لىڭشىتتى. ئەمما دەرەخ ھەر قانچە لىڭشىتىلغان بولسىمۇ، بارا دەرەخكە كاندەك چاپلىشىپ تۇردى.



ئېيىق ھەقىقەتەن كۈچلۈك ئىدى، بارا بىر ئازقورقتى.
ئەمما قورقۇشنىڭ نىمە پايدىسى بار! ئۇدەرەخكە مەككەم ئېسى-
لىپ تۇرۇپ باشقا بىر چارە ئويلىدى.



بارا ئاخرى بر چاره ئويلاپ چقتى. ئۇملتقنى بر شاخقا ئېلپ قويۇپ، ئوزى باشقا بر دەرەخكە يامشپ چقـ ماقچى بولدى. ئەمما ملتقنى پۇختا ئاسمغانلقتن، ئېيىق دەرەخنى لڭشتپ ملتقنى چۇشۇرۇۋەتتى.



مىلتىق ئاجايىپ بىر ئاۋاز بىلەن يەرگە چۈشۈپ كەتتى.
ئېيىق بۇنى پۇراشقا كىرىشتى. بارا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ
چاققانلىق بىلەن ياندىكى بىر دەرەخكە چىقىۋالدى.



ئېيىق بېشىنى كوتەرگىچە بارا باشقا بىر چوڭ دەرەخنىڭ
ئۇچىغا چىقىۋالغان ئىدى. ئېيىق بۇنى لىگىشتاي دېسىمۇ، ئەمما
دەرەخ چوڭ بولغانلىقتىن كۈچى يەتمىدى.



يۇي مي بلەن چۇلبلار دەريادىن ئۇتكەن پيتى بارانى قوتقۇزۇش ھەققىدە چوڭ كىشلەرگە خەۋەر قىلدى. ئېتىزدا ئىش-لەۋاتقان كىشلەر بىر ۋەقە پەيدا بولغانلىغىنى ئاڭلاپ كەتمەن-ئوتوغۇچلىرىنى كوتۈرۈشۈپ ئورمانلىققا ژۈگۈرۈشتى.



چوڭ كشلەر دەريادن ئوتوۋاتقاندا، ئېيق تېخى دەرەخ تۈۋدە ئايلنپ تۇراتتى، چوڭلار كېلش بلەن تەڭ ئېيق قېچشقا باشلدى. ئېيق قېچپ ئۈنچە ژراققا بارمغان ئدى، خەلقلەر ئۇنى ئۆلتۈردى.



يۇي مـي ، چۇلـي ۋە بىر مۇنچە چوڭ كىشىلەرنىڭ قوتقۇزۇش ئۈچۈن كەلگەنلىگىنى كورگەن بارا، خوشاللىغىدا دەرەختىن سىرىلىپ چۈشتى. شۇندىن باشلاپ كوپچىلىك بۇنى «باتۇر ئوۋچى بالا» دەپ ئاتاشتى.

بۇ كىتاپ جاۋخۇا سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن 1957-
ژىلى يانۋاردا بېيجىندە نەشر قىلىنغان بىرىنچى نەشرى بىرىنچى
باسمىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.
本書根据朝花美术出版社1957年 1 月北京第一版一次印刷版本譯出

# باتۇر ئوۋچى بالا

ئاۋتورى: ئۇگۋاڭتىيەن.
رەسسام: موگىنيۇەن.

باھاسى: 0.14 يۈەن.

書號：1722(4)395

勇敢的小獵手

（維吾尔文）

吳光天原著

盧济恩　改編

莫更原　絵

民族出版社翻譯出版

地址：北京國子監特54號

北京市書刊出版業營業許可證出字第047號

中央民族印刷厂排版

北京市印刷四厂印刷

新华書店发行

---

1959年9月北京第一版

1959年9月北京第一次印刷

787耗×1092耗1/48　印張 11/12

印數：1—4.000冊　定價：一角四分

統一書号：MR8049·維123